# «قىممەت قارىشى» دېگەن نېمە ؟

ئەركىن سىدىق

2018-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى

يېقىندا بىر قېرىندىشىمىز ئۆزىنىڭ فېيىسبۇك (يۈز دەپتىرى) تېمىغا «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇھىم قىممەت قاراشلىرى قايسىلار ؟» دېگەن سوئالنى تاشلىدى. كېيىن باشقىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ھېلقى سوئالنى «سىياسىي قىممەت قاراشلىرى» ۋە «ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلىرى» دەپ ئىككىگە بۆلدى. مېنىڭچە بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەس بولۇپ ، ئۇنى ئوخشىمىغان كاتېگورىيەگە ئايرىغانغا قارىغاندا ئوخشىمىغان دەۋرگە ئايرىش ئىشنى بىر ئاز ئاسانلاشتۇرىدۇ. مەن بۇ يازمامدا ئالدى بىلەن «قىممەت قارىشى» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى قايسى دەۋرلەرگە بۆلسە ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن.

ئادەتتە «قىممەت قارىشى» ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرى ئۈستىدە گەپ بولۇنغاندا ئۇلارنى «يادرولۇق قىممەت قارىشى» دەپ ئاتىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئادەتتە بىر ئادەم ، بىر گۇرۇپپا ئادەم ، بىر تەشكىلات ، بىر خەلق ياكى بىر مىللەت ، ھەمدە بىر دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم يادرولۇق قىممەت قاراشلىرى بار بولىدۇ.

يادرولۇق قىممەت قارىشى دېگىنىمىز بىر ئادەم ياكى بىر تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى ياكى يېتەكچى پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت. بۇنداق يېتەكچى پرىنسىپلار كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدۇ ، ھەمدە كىشىلەرگە نېمىنىڭ توغرا ، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يادرولۇق قىممەت قاراشلىرى ھەر بىر شىركەتنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا ، ھەمدە بىر تەۋرەنمەس نىشاننى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ ، شۇ ئارقىلىق شىركەتنىڭ تۈپ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغىمۇ ياردەم قىلىدۇ.

قىممەت قارىشى ئۆز رولىنى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە جارى قىلدۇرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بىرى ئۆزىگە ھەمراھ ئىزدەۋاتقان قىز-يىگىتلەردە كۆرۈلىدۇ. يەنى ، سىز بىر ياشتىن نېمە ئۈچۈن قارشى جىنسلىق يەنە بىر ياشقا كۆيۈپ قالغانلىقىنى سورىسىڭىز ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ يەنە بىر ياش بىلەن ئوخشاش قىممەت قارىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ياشنىڭ بۇنداق ۋاقىتلاردا كۆزدە تۇتقىنى ئۆز ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى يادرولۇق قىممەت قاراشلىرى ياكى ئىچكى ئەقىدىلەردىن ئىبارەتتۇر.

كىشىلەردە بار بولغان ھايات ھەققىدىكى يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىنىڭ مۇنداق مىساللىرى بار:

--ئاللاھقا بولغان ئەقىدە ، ياكى بىر دىنىي ئىنستىتۇتقا تەۋە بولۇش ئىستىكى

--ئائىلىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كۆز-قارىشى

--سەممىيلىك ئەڭ مۇھىم پرىنسىپ ، ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغان نەرسە ، دېگەن كۆز-قاراش

--خىزمەت بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا بىر ساغلام تەڭپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك ، دېگەن كۆز-قاراش

بالىلىرىنىڭ بىر ياخشى ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ قەلبىدە مۇشۇ خىلدىكى ئىجابىي يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

يادرولۇق قىممەت قارىشى داۋاملىق ئىجابىي بولۇۋەرمەيدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ياكى پىخسىقلىقمۇ يادرولۇق قىممەت قارىشى بولۇپ ، ئۇلار باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاشۇنداق سەلبىي قىممەت قارىشى بىلەن كونترول قىلماقچى بولىدۇ.

شىركەتلەرنىڭمۇ قىممەت قارىشى بار بولۇپ ، ئۇ بەزىدە «نىشان باياناتى» (mission statement) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن ،

--مۇھىتنى بۇلغىماي ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تۈرغۈزغان قائىدە-تۈزۈملەر

--يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەڭ ئېگىز سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ۋەدە. ئالما شىركىتى ئەنە شۇنداق ۋەدىنى ساقلايدۇ.

--بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ۋەدىسى. گۇگۇل شىركىتى ئەنە شۇنداق ۋەدىنى ساقلايدۇ.

--تەلەيسىزلەرگە ياردەم قىلىش ۋەدىسى. ئامېرىكىدىكى تومس ئاياق شىركىتى سېتىلغان بىر جۈپ ئاياغنىڭ مۇكاپىتى سۈپىتىدە باشقا بىر جۈپ ئاياغنى ھاجەتمەن كىشىلەرگە سوۋغا قىلىدۇ.

--كۈچلۈك جامائەت بەرپا قىلىش ۋەدىسى. مەسىلەن ، شېل (Shell) نېفت شىركىتىنىڭ باش شتابى ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدا بولۇپ ، ئۇ ئوقۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تېكساس ئۇنىۋېرسىتېتىغا نەچچە مىليون دوللار پۇلنى ئىئانە قىلىدۇ.

يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ بولۇپ ، ئايرىم شەخسلەردە بار بولىدىغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك مىساللىرى بار:

--ئىشەنچلىك بولۇش

--مەسئۇلىيەتچان بولۇش

--ساداقەتمەن بولۇش

--ئۆزىنى ئاتاش

--يېڭىلىققا قۇچاق ئاچىدىغان بولۇش

--ئىزچىل بولۇش

--سەممىي بولۇش

--ئۈنۈمدار بولۇش

--ئىجادكار بولۇش

--يۇمۇرلۇق بولۇش

--يۇكسەك قىزغىنلىققا ئىگە بولۇش

--تەۋەككۈل قىلىش روھىغا ئىگە بولۇش

--باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرالايدىغان بولۇش

--ئىجابىي بولۇش

--ئۈمىدۋار بولۇش

--باشقىلارنى ھۆرمەتلەش

--بەدەننى ساغلام تۇتۇش

--جۈرئەتلىك بولۇش

--ئوقۇشقا قىزىقىدىغان بولۇش

--باشلىغان ئىشىدىن ۋاز كەچمەيدىغان بولۇش

--ۋەتەنپەرۋەر بولۇش

--باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

--مۇھىتنى ئاسرايدىغان بولۇش

باشقىلارنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن بايقىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى ، باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس ، قىلغىنى ھېساب.

بەزى كىشىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىنى تاللىمايدۇ ياكى تۈرگۈزمايدۇ. ئۇلاردىكى قىممەت قاراشلىرى ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى جامائەت تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە يېتىلدۇرۇلگەن بولىدۇ.

ئامېرىكىلىقلارنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشى ھەققىدە بىر-بىرىدىن ئازراقتىن پەرقلىنىدىغان بايانلار مەۋجۇت بولۇپ ، جەمئىيەتشۇناس روبىن ۋىللىيەمس (Robin Williams) ئامېرىكىدىكى ئاساسىي قىممەت قاراشلىرىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ: نەتىجە يارىتىش ، ئۈنۈمدارلىق ، ماددىي جەھەتتىكى راھەتچىلىك ، مىللەتپەرۋەرلىك ، باراۋەرلىك ، ۋە ئىلىم-پەن ۋە تەپەككۇرنى دىنىي ئېتىقادتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش. كۆپلىگەن ئامېرىكىلىقلار ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ، ۋە ئامېرىكىنىڭ تارىخىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇنداق بىر قىسىم ئىدىيىئال قىممەت قاراشلىرىمۇ بار: ئەركىنلىك ، ئىندىۋىدۇئاللىق ، پراگماتىزم ، خالىسانە ياردەم ، ھەرىكەتچانلىق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئالغا ئىنتىلىش ، ۋە ئامېرىكا غايىسى ياكى ئامېرىكا چۈشى. مەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئايرىم بىر پارچە ماقالىدە تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈشۈم مۇمكىن.

مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشى ھەققىدە ئىزدىنىدىغانلار دەۋرنى كەم دېگەندە مۇنداق 4 كە بۆلۈپ ، ئايرىم-ئايرىم قاراپ چىققىنى ياخشى:

(1) ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانى سورىغان دەۋر: 8-ئەسىردىن 14-ئەسىرگىچە

(2) ئۇيغۇرلار چېكىنگەن دەۋر: 14-ئەسىردىن 20-ئەسىرگىچە

(3) كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىگە مۇستەملىكە بولغان دەۋر: 1949 - 2017-يىلىغىچە

(4) 2017-يىلىدىن باشلانغان دەۋر

مېنىڭچە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە يۇقىرىدىكى 1-دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىن ناھايىتى قىممەتلىك ئىدىيىلەرگە ئىگە بولالايدۇ. 4-دەۋر ئۈچۈن ئاساسەن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردىكى قىممەت قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى 3 چوڭ گۇرۇپپىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ: (1) داۋا سېپىدىكى

خەلقئارا سىياسەت ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا قانۇن ئىلىملىرىدىن بىر ئاز خەۋىرى بار كىشىلەر. (2) داۋا سىپىدىكى يۇقىرىدىكى ئىلىملەردىن ئانچە خەۋىرى يوق كىشىلەر. (3) دېموكراتىك ۋە تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدە زادىلا ياشاپ باقمىغان ، ھەممىدە ئۇ ئەللەرنى ئاساسەن چۈشەنمەيدىغان دىنىي ئۆلىما ۋە دىنىي زىيالىيلار. بۇ 3 گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىدا ناھايىتى زور پەرقلەر بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىر مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر پاجىئەنى يوق قىلىش ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلەرنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئەمەلىي نەتىجىلەر بىلەن ئاساسەن ھېسابلاشماي ، قۇرۇق شوئارنى «داۋا» ھېسابلايدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

مەزكۇر ماقالىنى بەك ئۇزۇن قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن مەن قىممەت قارىشى ھەققىدە مۇشۇنچىلىكلا چۈشەنچە بېرىمەن. مەن مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغان ھەر بىر قېرىنداشلىرىمىزدىن «مېنىڭ ھازىرقى قىممەت قاراشلىرىم نېمە؟ مەن يېتەكلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھازىرقى قىممەت قاراشلىرى نېمە؟ مەن يېتەكلەۋاتقان تەشكىلاتنىڭ ھازىرقى قىممەت قارىشى نېمە؟ ئۇ قىممەت قاراشلىرى مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالامدۇ؟ قىلسا قانداق قىلىدۇ؟ قىلسا قانداق ئەمەلىي ئۈنۈمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدۇ؟» دەپ ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ ، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە بىر قېتىم چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.